دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# مېنىڭ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچىم بار

□ شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى زامانىۋى ئوقۇتۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت ئابدۇغېنى ئابدۇرۇسۇل

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. مەن بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى،كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

تارىخ بىر ئەينەك، كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەر شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ يولغا قويۇپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، بۇ، جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. بۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى ھەم ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بېرىشكە ئۇرۇندى، بۇ ئۇلارنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەمنى قوللىنىدىغانلىقىدەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى!

كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزدى. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى يولغا قويۇش تامامەن توغرا. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى ئارقىلىق، ھەم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەر قۇتقۇزۇۋېلىندى، ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلىسى چوڭقۇر ئۆزگەرتىلىپ، ئۇلار بەختلىك كىشىلىك ھاياتىنى باشلىدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، خەلق ئاممىسى خاتىرجەم ياشىماقتا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەكشى، مۇقىم تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، 25 مىليون شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىۋاتىدۇ.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش مەزگىلىدە، مەن تۇرۇشلۇق كەنتتىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندى، كەسپىي ماھارەت ئۆگەندى، سۆز ـ ھەرىكىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، ئاياللار مودا، چىرايلىق ياسىنىدىغان، ئەرلەر كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولدى، تەربىيەلىنىشتىن ئىلگىرىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئادەمگە ئايلاندى، ئۇلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ھازىر، دېھقانلار ئاشلىق تېرىسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرسا ياردەم پۇلى بار، ئەمىن ئۆي سالسا ياردەم پۇلى بار، تېرىلغۇ يەر شارائىتىنى ياخشىلىسا ياردەم پۇلى بار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، كېسەل كۆرسەتسە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، ياشانغانلارنىڭ كۈتۈنۈش ياردەم تولۇقلىمىسى بار، پۈتۈن شىنجاڭدا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار ئۈچ يىللىق مائارىپ ۋە 12 يىللىق ئۇل مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاندى... بۇ بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ناھايىتى زور ئاشۇردى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، تۈرلۈك ئىشلار گۈللەپ ياشناۋاتىدۇ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەت يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز كۈچۈمنى قوشىمەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ! مېنىڭ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچىم بار!

# قەتئىي، كەسكىن ھالدا شىنجاڭنىڭ خاتىرجەم، ئىناق چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدايمەن

□ شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى يىپەك يولى ئىقتىسادى ۋە باشقۇرۇش تەتقىقات يۇرتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ئابدۇراخمان ئابدۇغېنى

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىگە قارا چاپلاشقا ئۇرۇنۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تۆھمەت قىلىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچەم ۋە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

مەن 80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان ئىقتىسادشۇناسلىق دوكتورى، دوتسېنت، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان، باشلانغۇچ مەكتەپتىن دوكتورلۇقتا ئوقۇغۇچە بولغان 20 نەچچە يىلدا، مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدۇم. كىچىكىمدە مەن «ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بارغان» قۇربان تاغىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان. قۇربان تاغىنىڭ پارتىيەنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان نەمۇنىلىك روھى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. ئىش ئۇققاندىن تارتىپ، ئاتا ـ ئانام دائىم ماڭا، بىز خاتىرجەم، تىنچ دەۋردە ياشاۋاتىمىز، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ بارغانسېرى گۈللىنىپ، قۇدرەت تېپىشىدىن بولغان، دەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە مەن 11 ياش ۋاقتىمدا، دادام ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدى، دادامنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن مەن تۇنجى قېتىم يۇرتۇمدىن 180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خوتەن شەھىرىگە بارغانىدىم، تۇنجى قېتىم لىفتقا چىققانلىقىم ئۈچۈن قىزىقىپ كۆپ قېتىم چىقىپ ـ چۈشكەنىدىم. ھازىر يۇرتۇمدا لىفت ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسى، مەكتەپ، سودا سارايلىرىدا ئومۇملىشىپ كەتتى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى.

بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

ھازىر، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللىنىۋاتىدۇ، دىنلار ئىناق ـ رايىش، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىمنى ھەر ۋاقىت ئېسىتە چىڭ ساقلاپ، ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمەن.

# ئالدىنقى 11 ئايدا ئۈرۈمچى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 50%تىن كۆپرەك ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزبېكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېلىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىدىغان ـ چىقىدىغان ماللارنىڭ تۈرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتىدۇ، ئەڭ دەسلەپكى ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار قاتارلىقلاردىن ھازىرقى ماشىنسازلىق بۇيۇملىرى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، يېمەكلىك، سوغۇق زەنجىر، ئۇششاق تاۋار قاتارلىق 200 نەچچە تۈرگە كېڭەيدى.

شىنجاڭ مىيخۇا ئامىنو كىسلاتا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، يەككە كۆلىمى زور، تېخنولوگىيەسى ئەڭ ئەلا ئامىنو كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ بىرى، يىلدا تۈرلۈك ئامىنو كىسلاتاسىدىن تەخمىنەن 600 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان 42 توننا L ـ لىزىن ئامىنو كىسلاتاسى تۇز كىسلاتا تۇزى(يەم ـ خەشەك دەرىجىلىك) تۇنجى قېتىملىق «جۇڭچىڭ — ئۈرۈمچى — دۇسبۇرگ» جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ، يىغىپ توپلاندى ـ يىغىپ توشۇلدى ھەم «ئۈرۈمچى — روتتېردام» بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا سىناق نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ گوللاندىيەنىڭ روتتېردامغا يۈرۈپ كەتتى. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ما جۇنسەي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىلگىرى، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان ئامىنو كىسلاتاسىنىڭ كۆپ قىسمى تيەنجىن پورتى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىناتتى، ئۈرۈمچىدىن تيەنجىن پورتىغا توشۇشقىلا ئالتە ـ يەتتە كۈن ۋاقىت كېتەتتى. ھازىر، كارخانىنىڭ مەھسۇلاتلىرى جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ 21 تۈركۈم قېتىم ئېكسپورت قىلىندى، ئېكسپورت مىقدارى 399.1 تونناغا يېتىپ، كارخانا ئۈچۈن كۆپ خىراجەت تېجەپ بەردى.

«بۇ يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىققان نۆۋەتچى پويىز سانى مۇقىملىق ئىچىدە ئېشىپ، لىنىيە مۇقىملاشتى. يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئۈرۈمچىدە ‹يولدىن ئۆتۈش›نى ‹يىغىلىش›قا ئۆزگەرتىشى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ ئىچكىرى رايونلاردىن يولغا چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ توشۇش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، پەلەمپەيسىمان بىۋاستە يەتكۈزۈش، تېز سۈرئەتتە كۈچ ئۇلاپ توشۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ شىنجاڭ ماللىرىنىڭ ياۋروپاغا ئېكسپورت قىلىنىشى ئۈچۈن تېز سۈرئەتلىك ترانسپورت يولى ھازىرلاپ بەردى، بۇ ئۈرۈمچىنىڭ مال يىغىش ـ تارقىتىش ئورنى ۋە تۆمۈريول چوڭ تۈگۈنى رايون ئورنى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى ئۈرۈمچى ـ سانجى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش 1 ـ بۆلۈمىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك مەسئۇل ئىش بېجىرگۈچىسى ۋاڭ جىيېشى.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ شىنجاڭدا يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش كەسپىدىكى بېرىش ـ قايتىش قوش لىنىيەلىك ئەمەلىي سىنىقىنى تاماملاپ، «تاموژنا E ئەشيا ئوبوروتى» لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، تاموژنىنىڭ نۆۋەتچى پويىزلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بىرلىكىنى «پويىز»دىن «ۋاگون»غا ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىكى قۇرۇق ساندۇق ئامبار بايلىقىنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈپ، قاچىلاش مىقدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، توشۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى. ھازىر، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش ۋاقتى ئەڭ دەسلەپكى 24 سائەتتىن 14 سائەت ئىچىگە قىسقارتىلدى.

# شىنجاڭنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىنى يوققا چىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ

□ شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى «قۇرئان» ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرسۇنجان ئۆمەرجان

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ھەققانىي تەدبىرىگە خالىغانچە قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرىگە تۆھمەت قىلدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى نەزەرگە ئالمىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، تېررورىزم، ئەسەبىزمنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق، يول قويغانلىق. مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن جۇڭگو شىنجاڭلىق بىر ئۇيغۇر، ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارغا سېلىشتۇرغاندا، مەن شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىمەن، تېخىمۇ بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە، تېخىمۇ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

كۆز ھەققىي ئەھۋالنى ئېنىق كۆرۈشى، قۇلاق ئەمەلىيەتنى ئاڭلىشى كېرەك. مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن سوراپ باقاي، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى سىلەر كۆردۈڭلارمۇ؟ شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كىتاب ئوقۇش ئۆيى، پسىخىك مەسلىھەت بېرىش ئۆيى، مەدەنىيەت سەھنىسى سەپلەنگەن، قىشتا پار بار، يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ ياكى شامالدۇرغۇچ بار، ھەر كۈنى تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول مۇسۇلمانچە يېمەكلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدۇ، بۇ ئېسىل ئۆگىنىش، تۇرمۇش مۇھىتىنى سىلەر كۆردۈڭلارمۇ؟ ھەر مىللەت خەلقنىڭ شىنجاڭدىكى كۈنسايىن ئۆزگىرىشلەرگە بولغان چىن يۈرىكىدىن ئېيتىلغان مەدھىيەلىرىنى، ھازىرقى گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش تەرىپلىرىنى سىلەر ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەسىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى مىننەتدارلىق سادالىرىنى سىلەر ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ھالبۇكى، سىلەر ھەققىي ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، ئەمەلىيەتكە پەرۋا قىلمىدىڭلار، بۇ يامان نىيەتتىكى جاھىل خاراكتېرلىك بىر تەرەپلىمە قاراش، يامان نىيەتتىكى تاللاشچان كور بولۇۋېلىش.

مەن شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بىر ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاشۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىغا پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق ئېيتىمەنكى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشقانلىقى، ئەمەلىيلەشكەنلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. دۆلەت مەبلەغ ئاجرىتىپ بىزگە يېڭى مەكتەپ ياتىقى سېلىپ بەردى، زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەپ بەردى، ئوقۇغۇچىلارغا يۇقىرى سەۋىيەلىك دىن، مەدەنىيەت پەنلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ بەردى. بۇ يىلدىن بۇيان، شۆيۈەنىمىز 70 نەچچە تۈركۈمدىكى 1000دىن ئارتۇق چەت ئەللىك مېھماننى كۈتۈۋالدى، زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلار شۆيۈەنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشقان بىنا ئەسلىھەلىرى، ئېسىل، رەتلىك، پاكىز تۇرمۇش مۇھىتىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارغا شۇنداق ئېيتىمەنكى، قەلبىمىزدە تولۇپ تاشقان بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بار.

شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى قوللىغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ» تەرغىب قىلغان سەپسەتىلەرنى تىغمۇتىغ تەنقىد قىلىپ ۋە رەددىيە بېرىپ، كەڭ ئىسلام دىنى دىن خادىملىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشقا، توغرا ئېتىقاد، توغرا يولدا مېڭىشقا، ئەسەبىيلىككە تاقابىل تۇرۇشقا يېتەكلەپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)